چېن بودا

# جۇڭگودىكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن

16
K827.7
3

چمڭ بودا

# جۇڭگودىكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن — 1958

書號：1558(4)354

中国四大家族

（維吾尔文）

陈伯達著

阿不都如素里譯

民族出版社出版

址：北京國子監特54號

刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂印刷

新华書店发行

---

1958年8月北京第一版

58年8月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/32　印張9 5/8

印數：1—4,000冊　定價：三角五分

統一書号：M3049・維83

16
K827.7
3
17
11.811
٥١

چمڭ بودا

# جوُڭگودىكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن — 1958

بۇ كتاپ خەلق نەشرياتى تەرپىدن 1955 -
ژىلى ئۇكتەبردە بېيجىندە نەشر قىلنغان برنچى نەشرى
ئۈچنچى باسمىسدن تەرجمە قىلندى.

本書根据人民出版社1955年10月北京第一版第三次印刷版本譯出

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

## مۇندەرىجە


باش سوز ........................................ 6

1. كونا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى ........ 12

2. ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە كومپرادور-
لۇق بىلەن باش كوتۇرۇش .......................... 16

1 ) «بىر جۇپ قانلىق قول» ............................ 16

2 ) ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدا ئېلىشنىڭ پىيىغا چۇشۇش ....... 25

3 ) ھەممىدىن ئاۋال ھەربىي قورال بويىچە چوڭ كومپرادور-
لۇق ............................................. 32

4 ) «خەلقنى ھالاك قىلىش» نى مەخسەت قىلىش ......... 38

3. پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە فېئودال، كومپرادور
ۋە ھەربىي خاندانلىق ................................ 40

1 ) تورت چوڭ ئائىلە بىلەن تورت چوڭ بانكىنىڭ بىرلىشىشى ...... 40

2 ) پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىنىڭ ئورنى ۋە باي-
لىقىنىڭ مەركەزلىشىش سۇرئىتى .......................... 51

3 ) «فابى» پۇلى فېئودالىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي زور-
لۇق - بۇلاڭچىلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .................. 64

4 ) پۇل مائامىلىسى بويىچە ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق، فېئودال-
لىق تالان - تاراج ۋە كومپرادورلۇق ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەق-

قسياتى ........................ 71

5 ) خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىلرىنى بۇلاش .............. 84

6 ) ئۇمۇمىي ھالاكەت سۇرئىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلۇشى ...... 87

7 ) تۇگۇمەس ھىلە ـ نەيرەڭلەر .................... 94

4. سودا ـ سېتىق ئىشلرى بويىچە فېودال، كومپىرا ـ دور ۋە ھەربىي مونوپولىيە ............................ 106

1 تورت چوڭ ئائىلىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلرى بويىچە مونوپولىيىسىنىڭ باشلىنىشى ........................... 106

2 ) سودا سپېكۇلانتلىغىنىڭ باشچىلرى ۋەسودا مونوپولىيىسىنىڭ تەشكىلىي تورلرى ............................ 112

3 ) ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىشتەك ۋەھشى بۇلاڭچىلىق .. 123

4 ) دۇشمەن مەنپەتى بىلەن باغلانغان قۇراللىق ئەتكەسچىلىك ........................ 146

5 ) بۇلاڭچىلىق بىلەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى ........................ 149

6 ) ئامېرىكا مېلى بويىچە ئۇمۇمىي كومپىرادورلۇق ......... 158

7 ) «قولغا چىققىدىغان پايدىلا بولسا ئاۋال ئېلىش كېرەك، كېيىن بىر گەپ بولار» ............................ 174

5. سانائەت بويىچە فېوداللىق، كومپىرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيە ............................ 180

1 ) فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان مونوپولىيىچىلىك ............................ 180

2 ) مىللىي سانائەتنى ژۇتۇش ۋە دېخانلارنى بۇلاش ئاساسىدا،

زورلۇق مونوپولىيىسىنى تېز سۈرئەت بىلەن تىكلىدى ......... 187
3 ) مونوپولىيە تورلىرى «ئېچىنىشلىق غەلىبە» سەۋىيىسى بىلەن
كېڭەيدى ................................ 202
4 ) جۇڭگونى «ئامېرىكىنىڭ سانائەت چېگىرىسى»غا ئايلاندۇرۇش ................... 211
5 ) مىللىي سانائەت ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى .......... 216
6 ) چىرىپ كەتكەن نەرسىدە ھاياتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ... 227
6. يېزا ئىگىلىكى بويىچە فېئوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيە.......................... 237
1 ) مەملىكەت خاراكتېرلىق، ئەڭ چوڭ فېئودال ـ قولدار....... 237
2 ) مەملىكەت خاراكتېرلىق، ئەڭ چوڭ جازانىخور.......... 255
3 ) دېھقانلارنى تالايدىغان بىر نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك شىركەتلىرى ............................ 265
4 ) يېزا ئىگىلىكىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە مۇستەملىكىلەشتۈرۈلۈشى ... 270
7. ئەخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ئىشلار بويىچە مونوپولىيە.......................... 274
8. تورت چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىقى.......................... 281
9. تورت چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقى جۇڭگو ئۈچۈن نومۇس ۋە ئاپەتتۇر.......................... 293
ئاخىرقى سوز .......................... 305

# باش سوز

بۇ كىتاپنى يېزىشتىن مەخسەت ـــ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەممە فاكتلارغا ئاساسەن، جياڭكەيشى باشچىلىقىدىكى جياڭ كەيشى، سۇڭزىۋېن، كۇڭشاڭشى ۋە چېن گوفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەملىكىتىمىز جۇڭگونى قانداق قىلىپ ئوغۇر- لۇقچە ئوزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇلكىگە (جامائەت مۇلكىنى شەخ- سىي مۇلۇككە) ئايلاندۇرۇپ، خەلقىنىڭ مال - مۇلكىنى «دو- لەت»، «ھوكۇمەت» دېگەن ناملار بىلەن رەھىمسىز تالان- تاراج قىلىپ (ھوكۇمەت نامى بىلەن شەخسىي مەخسىدىنى قام- داپ)، جۇڭگودا تارىختىن بۇيان ئۆتكەن پادىشالارمۇ يېتىشەل- مىگەن، قان شوراش بىلەن ياشايدىغان ئەڭ چوڭ بايلارغا ئاي- لىنىپ قالغانلىقىنى ئېچىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقى چوڭ پومېشچىك، چوڭ كومپرادورلار ئىگىلىكى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ھوكۇمرانلىق باشتىن- ئاخىرغىچە چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى، فېئودال - پومېشچىكلار سىنىپى ۋە كومپرادور بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئىشلەپ، خەلققە نىسبەتەن فېئودال - كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى قانلىق بۇلاڭ-

چىلىقنى جىنىنىڭ بىرىچە ئېلىپ باردى. 19 ژىلىدىن بۇيان، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە، سودا - سېتىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، يەر مۈلۈك، ژۇرنالىستلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ساھەلەردە «ھوكۇمەت»، «سودىگەرچىلىك» شەكلى بىلەن مونوپولىيە قىلىۋالغان مال - مۈلۈكلىرى، چەتئەللەردىكى ئامانەت پۇللىرى ۋە تىجارەتلىرى تولۇق بولمىغان ھېساپقا قارىغاندا كام دېگەندە 20مىللىيارد ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا. لېكىن، سان-ساناقسىز جۇڭگو خەلقى بولسا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇلاڭچىلىغى ئارقىسىدا مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران ۋە سەرسان بولۇپ ژۇرمەكتە، ئاچلىقتىن ئۆلمەكتە، ۋە ئۆلگەندىن كېيىن گورسىز قالماقتا، ھەتتا ئىلگىرىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۈلۈكدار بولۇپ كەلگەن كىشىلەرمۇ شۇ سەۋەپ بىلەن بىردىنلا نامراتلاشماقتا، بىز قولىغا كەلتۈرەلىگەن مۇھىم ماتېرىياللار مۇمكىن قەدەر بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلدى. كىتاپتا تەھلىل قىلىنغان مەسىلىلەردىكى ھەربىر سوز ئاساسسىز قويۇلمىغان دېيىشكە بولىدۇ. جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ ئەخباراتچىلىق ئەركىنلىگىنى بوغقانلىغى، ھەممىگە ئايان ھەقىقەتنى ھەرگىز يېپىپ ئالالمايدۇ. تارىخ بارلىق ھاكىم مۇتلەقلەرنىڭ كۈننى ئېتەك بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەخمىقانە ھەركەتلىرىنى ئالىلىقاچانلاردىن بېرى مەسخىرە قىلىپ كەلمەكتە.

بۇكىتاپتا فاكتلار توغرىسىدا قىلىنغان تەھلىلدىن شۇنى بىلىش

مۇمكىنلىگى : بىرىنچىدىن، جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا «شۇ قەدەر قىزىقىپ بېرىلىشى» دىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلار چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى ۋە فېودال-كومپرادور كۈچلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش يولى بىلەن باش كوتۇرۇپ چىققان، ئۇلارنىڭ دۆۋلۈنۈپ كەتكەن بايلىغىنى ئۇرۇشتىن ئايرىپ قاراش پەقەت مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار: ئۇرۇش، ئۇرۇش، يەنە ئۇرۇش بولغاندىلا خەلقنى تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن شىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئوڭاي پۇرسەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، جياڭ كەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، تېچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىككىنچىدىن، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى دېگەن نەرسە، جياڭ كەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ فاشىستلىق دىكتاتۇرىسىدۇر؛ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىساتنى مونوپولىيە قىلىش نەپسى تويماس ۋە قانماس بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلار ئىقتىسادىي مونوپولىيىنىڭ بىر خىللىغىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇشتە، سىياسىي مونوپولىيىنىڭ بىر خىللىغىنى ئەلۋەتتە قەتئىي ساقلاشقا تىرىشىدۇ، ئۇلار بۇنداق سىياسىي مونوپولىيىنىڭ بىرخىللىغىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە تېررورلۇق بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا، جياڭ كەي-

شى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن فاشىستلىق دىكتاتورىدىن ۋاز كېچىپ، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۇچىنچىدىن، جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغىنىڭ دۆۋلۈنۈشىنى ئۇلار-نىڭ كومپرادورلۇق ھەركىتىدىن پەقەت ئايرىپ قارىغىلى بول-مايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي مونوپولىيىسى ئۈچۈن پۈتۈن خەلق بىلەن ئۇرۇشۇپ، خەلق ئىچىدە مۇتلەق يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ سوۋې-رېن ھوقۇقىنى سېتىش بەدىلىگە چەتئەل يارەملىرىگە ئىگە بولۇپ، خەلقنى قىرىش بىلەن جۇڭگونى چەتئەللەرنىڭ بېقىندىسى ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇدۇ. شۇڭا، جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ قۇ-رالى بولماي، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

جۇڭگو خەلقى بىلەن جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4چوڭ ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ھەممە خەلق بىلەن 4 چوڭ فېودال-كومپرادور ئولىگارخلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىكەنلىگىنى، شۇنداقلا ھايات - ماماتلىق كۈرىشى ئىكەنلىگىنى بۇ كىتاپتا كور-سۈتۈلگەن تۈرلۈك فاكتلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يە 4چوڭ فېودال-كومپرادور ئائىلىنىڭ سىياسىي ۋە ئىختىسادىي جەھەتتىكى مونوپولىيىلىك ھوكۇمرانلىغى داۋام قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭدا جۇڭگو

خەلقى مۇنقەرىز بولۇدۇ؛ يە 4چوڭ فېودال ـ كومپرادور ئائىلىنىڭ مونوپولىيىلىك هوكۇمرانلىغى بۇزۇلۇپ ۋە ئاياغلىشىپ ئۇنىڭ ئورنىنى خەلق هوكۇمرانلىغى باسىدۇ، ئۇنىڭدا جۇڭگو خەلقى يېڭى هاياتقا قەدەم باسىدۇ. ئوتتۇرا يول يوق هەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

جياڭ كەيشى هوكۇمىتىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى «جۇڭياڭشە» ئاگېنتلىغى ۋە باشقا ئەخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئالدامچىلىغى ئارقىسىدا، جۇڭگو خەلقى ئىچىدە بىر مۇنچە كىشىلەر ئالدىنىپ، ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە مىللىي مۇستەقىللىققا ئوخشاش مەسىلىلەردە جياڭ كەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ هوكۇمرانلىغىدىن خام خىيال بىلەن مەلۇم ئۈمىتلەرنى كۈتمەكتە؛ دېموكراتىك سەپ ئىچىدىمۇ بەزىلەر ماتېريال توپلىغانلىغى ياكى ماتېريال توپلاش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىغانلىغىدىن، سۇبيېكتىۋ جەهەتتىكى ياخشى نىيىتىنى كوزدە تۇتۇپ، ئۇلارمۇ خام خىيال بىلەن ئازدۇر ـ كوپتۇر ئۈمىت كۈتمەكتە. ماتېريال توپلاپ، تەهلىل قىلىپ كوپچىلىككە تەقتىم قىلىش ــ بۇ كىتابنىڭ ۋەزىپىسى. هەقىقەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ كىتابتا خېلى جىق رەقەملەرنى كورسۈتۈشكە توغرى كەلدى، لېكىن بۇ رەقەملەر قۇرۇق، مەنىسىز رەقەملەر ئەمەس. بۇ رەقەملەر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ هەركۈنى سانسىز جۇڭگو خەلقىنىڭ جېنىغا

زامىن بولۇۋاتقانلىغىنى كورسۇتۇپ بيردۇ.

بۇكىتاپتا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ئوتمۇشتىكى ۋە هازىرقى تارىخى ۋەقەلەر ئىسپاتلىدى ۋە بۇندىن كيينكى تەرەققىياتنىڭ تارىخى ۋەقەلىرىمۇ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ هايات ئىزدەش يولى خۇددى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ كورسەتكەندەك ناهايىتى ئېنىق هەم قەتئىي. غەزەپ ۋە نەپرەتلىكلار تېخىمۇ ئۇلغايسۇن ئۇلۇق جۇڭگو خەلقى!

1946 ـ ژىل، 15 ـ ئوكتەبر.

# 1. كونا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى

جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ تەخمىنىي سانى 450 مىلليون. جۇڭگو-نىڭ ئازات رايونلىرىدىكى 140 مىلليون ئاھالە بويىچە خەلقنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولغانلىغىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 310 مىلليون ئاھالە تېخى 4 چوڭ فېودال-كومپرادور بانكا سىستېمىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا تۇرماقتا. بۇ 4 چوڭ بانكا سىستېمىسىغا 4 چوڭ فېودال-كومپرادور ئائىلە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ. 4 چوڭ بانكا سىستېمىسى—مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىدىن ئىبارەت؛ ئۇلارنىڭ مەركەز-لەشكەن تەشكىلى 4 بانكىنىڭ بىرلەشمە ئالىي باشقارمىسىدۇر. 4 چوڭ ئائىلە-جياڭكەيشىنىڭ جياڭ ئائىلىسى، سۇڭزىۋېننىڭ سۇڭ ئائىلىسى، كۇڭشياڭشىنىڭ كۇڭ ئائىلىسى ۋە چېن گوفۇ-چېن لىفۇلارنىڭ چېن ئائىلىسى؛ ئۇلارنىڭ «ئالىي رەھبىرى» 4 بانكا بىرلەشمىسى ئالىي باشقارمىسىنىڭ رەئىسى — گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى جياڭكەيشى.

بۇ 4 چوڭ فېودال-كومپرادور بانكا بىلەن 4 چوڭ فېودال-كومپرادور ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىق

بلەن سیاسي هوكۇمرانلقنىڭ ئاپ ـ ئاشكارە ۋە بىۋاستە بىر-
لەشتۇرۇلگەنلىگى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 4 چوڭ بانكاسىس-
تېمىسى گومىنداڭ هاكىمىيىتىنى بىۋاستە ئىدارە قىلماقتا ۋە
گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ «دولەت بانكىسى» نامى بىلەن يېرىم
مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودال هالىتىدىكى كونا جۇڭگونىڭ ئىق-
تىسادىنى بىۋاستە مونوپولىيە قىلماقتا. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خوجايىن-
لىرى بولسا 4 چوڭ بانكىغا بىۋاستە هوكۇمرانلىق قىلىپلا قال-
ماستىن، بەلكى گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي، پارتىيە،
شپىونلۇق، مەمۇرىي ۋە مالىيە ئىشلىرى بويىچە ھەممە هوقۇقنى
بىۋاستە مەركەزلەشتۇرگەن هالدا گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە
دىكتاتۇرىسىنى سىياسىي شەكىل قىلغان فېودال ـ كومپرادورلۇق،
فاشىستلىق، ئۇلغار خىسلىك هاكىم-مۇتلەقلىق تۈزۈمىنى ۋۇجۇتقا
كەلتۈردى.

هازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا «بيۇروكرات كاپىتال» دەپ
ئاتالغان نەرسە باشقا نەرسە بولماستىن، ئىمپېريالىزم ۋە فېودا-
لىزمنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ سىياسەتتە هاكىمىيەت
تۇپىسىدە تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كاپىتالى چوڭ پومېشچىك
ۋە چوڭ كومپرادورلارنىڭ ئىقتىسادى ئاساسىدا، سىياسىي
جەھەتتە ئاشكارە زورلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر
تەرەپتىن، دېخانلارنى ۋە باشقا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى-
لارنى تالاشنى چاپسانلاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، مىل-

لمي سانائەتنى[1] قىسمەن مۇناسىۋىتى بىلەن جۇغلانغان پۇل كاپىتالى-
دۇر. بۇ، 4 چوڭ بانكا بىلەن 4 چوڭ ئائىلە ئەنە شۇ بيۇروكرات
كاپىتالىنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ۋەكىلىدۇر. بۇ بيۇروكرات كاپىتال
ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق
جەمئىيىتىدىكى پۇل كاپىتالى بولۇپ، ئۇ، ئىمپېرىيالىستىك مەملى-
كەتلەردىكى مونوپولىستىك پۇل كاپىتالىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەر-
يانى، خاراكتېرى ۋە پائالىيەتلىرىدىن تامامەن پەرق ئېتىدۇ. ئۇچەتئەل
ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ مونوپولىستىك پۇل كاپىتالىنىڭ بېقىن-
دىسى، چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلگەن.
شۇڭا، ئۇ كومپرادور كاپىتال بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىرقى
زاماندىكى جۇڭگونىڭ كومپرادورلۇق تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق
تۈزۈمىنىڭ شالغۇت مەھسۇلى، چوڭ كومپرادورلار بىلەن چوڭ
پومېششىكلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىرىكمىسى، بۇ 4 چوڭ
بانكا بىلەن 4 چوڭ ئائىلە ئۇنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ۋە ئەڭ
ئاخىرقى ئاساسىي جەۋھىرى.

بۇ 4 چوڭ بانكا بىلەن 4 چوڭ ئائىلە يولداش ماۋزېدۇڭ
تەھلىل قىلغان جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدە
مەيدانغا چىقتى. بۇ دەۋر جۇڭگو خەلقى بىلەن خەلققە قارشى-

[1] بۇ كىتاپچىدا ئېيتىلغان «مىللىي سانائەت» مىللىي بۇرژۇئازىيە باشقۇرغان سانائەتنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي بۇرژۇئازىيە كومپرادور، بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىدىن پەرق ئېتىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com